



ئۈرۈمچىدە چاقناپ تۇرغان چىراغلار



قەلبداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ ۋەتەنگە بەخت تىلەش

## شىنجاڭدىكى ئىناقلىق

□ ياۋ تۇك

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلدى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش مەزگىلىگە كىردى.

70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ جۇمھۇرىيەت قوينىدا ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولدى.

زور بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، گۈزەل شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلمىسىغا تىرەك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىنىڭ شانلىق يولىنى ئاچتى.

شىنجاڭدا مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدا ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلمەكتە، 2018 - يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 150 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، كىشىلەرگە «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەننى يەنىمۇ ئىسپاتلىدى. شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپنى گۈللەندۈرىدىغان، شىنجاڭدا ئىگىلىك تىكلەپ زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئورۇنلار كۆپەيدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى بارغانسېرى كېڭەيدى.

70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ جۇمھۇرىيەت قوينىدا ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق ئۆتۈپ، بىر ياقىدىن باش چىقاردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ 2014 - يىلى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قايتا - قايتا مۇنداق تەكىتلىدى: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەشنىڭ ئۇل تېشى» «شىنجاڭ مەسىلىسىدە، ئەڭ قىيىن، ئەڭ ئۇزاققا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى يەنىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى». باش شۇجى «ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇش» دېگەن ئوبرازلىق ئوخشىتىشنى ئىشلىتىپ، قانداق قىلغاندا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى قوغدىغىلى بولىدۇ؟ دېگەننى چوڭقۇر ئىزاھلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.» كوئېنلۇن تېغى ئېتىكىدىن ئېرتىش دەرياسى بويىغىچە، تۇرپان - قومۇل ئويمانلىقىدىن پامىر ئېگىزلىكىگىچە، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەربىر كىشى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق»نى قەلبىدە چىڭ ساقلىدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنى ۋاستە ۋە تۇتقا قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولدى، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، تەرەققىي قىلدى. تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت سانسىزلىغان تەسىرلىك ھېكايىلەر بارلىققا كەلدى. 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ جۇمھۇرىيەت قوينىدا ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى ئىناقلىق ئىچىدە گۈللەندى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تۈزۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى بېكىتىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق - مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا باھار دولقۇنى مەۋج ئۇرۇپ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇدى، ئىناقلىق، مۇقىملىق گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىش مول مېۋە بەردى، ئىناقلىق ئىچىدە گۈللىنىش مەنزىرىلىرى سىزىپ چىقىلدى.

# بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە

□ ليۇ دۇڭلەي

بۇ، كۆك ئاسماننى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان بىر ياڭراق مەدھىيە!

بۇ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر پارچە شانلىق يۆگىمە رەسىم!

بارچە خەلق چالدى ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە. يېڭى دەۋرنىڭ مەردانە مۇساپىسىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى يېڭىچە قىياپەتتە يېتىپ كەلدى.

تارىخ شۇنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدۇ، 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش مۇراسىمى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو تارىخىدىكى بىر يېپيېڭى دەۋر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى تاماملاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىنى باشلاپ، قايناق - تاشقىنلىق، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان تارىخنى يارىتىپ، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى گۈزەل غايىنىڭ قەدىمىي جۇڭگو تۇپرىقىدىكى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى دۇنيانىڭ شەرقىدە يېپيېڭى قىياپەتتە قەد كۆتۈرگۈزدى.

70 يىلدىن بۇيان، يېڭى جۇڭگونىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، شىنجاڭ سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا تارىخ بېتىدە چاقناپ تۇرغىدەك سەلتەنەتلىك داستانلارنى يېزىپ چىقىپ، قىسقىغىنا نەچچە ئون يىلدا مىڭ نەچچە يىلنى ھالقىغان دۇنياۋى مۆجىزىلەرنى ياراتتى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئەمەللىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولدى، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ زەپەر مارشى شىنجاڭدا يول بويى ياڭرىتىلدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، جەمئىيەت تىنچ بولۇپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەمدە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش جاسارىتى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تارىخىي ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولدىكى پويىزنىڭ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان سىيماسىدا، نېفىت قۇدۇقى، گازلىقلاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قۇدۇق جازىلىرى ئاستىدا، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىدىكى قايناق - تاشقىنلىق ئىچىدە، شەھەر، يېزا - كەنتلەردىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چىراغ نۇرى ئاستىدا، ئەنئەنىۋى كەسىپلەر بىلەن يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر تەڭ تەرەققىي قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك ساداسى ياڭرىتىلدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت باشتىن - ئاخىر خەلقنى مەركەز قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. يېپيېڭى بىنا ئۆيلەر «گەمە» كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى، گۈزەل، پاكىز مەكتەپلەر تەرەپ - تەرەپتە كۆچۈپ يۈرىدىغان ئات ئۈستى باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى، تەرەپ - تەرەپكە تۇتاشقان يۇقىرى سۈرئەتلىك يول، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، ئاۋىياتسىيە قاتناش تورى ئەگرى - بۈگرى، مېڭىش تەس بولغان پاتقاق يوللارنىڭ ئورنىنى ئالدى... خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇلدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، مەدەنىيەت ئوزۇقلۇقتا ئېرىشىپ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى يېڭىدىن گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە كىردى. يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان سەنئەت شەكىللىرى قۇتقۇزۇۋېلىندى، كىشىلەر ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، رەڭگارەڭ، شانلىق دەۋر ئامىللىرى ئەۋج ئالدۇرۇلدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، ئادەملەر تەبىئەت بىلەن ئىناق بىللە ئۆتمەكتە. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسى بۇ تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. ھەربىر تال گىياھمۇ ئاسرالدى، ھەربىر تال قۇممۇ تىزگىنلەندى، كۆل - دەريالار قوغدالدى. «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قارلىق، مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق» دېگەن ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت قايتا جۇلالاندى. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش شىنجاڭنى ئىلگىرىكى ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ «ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى جاي»دىن دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى دەرۋازىسى ۋە ئالدىنقى سېپىگە ئايلاندۇردى، ئاخىرقى ئۇچتىن تۈگۈنگە ئايلاندۇردى. ئەۋزەل جۇغراپىيەۋى شارائىت، ئىناق ئاممىۋى ئاساستىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى تۈگۈنلۈك رولىنى، دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم دەرۋازا ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئېگىزلىك بولۇش رولىنى، ئالدىن يولغا قويۇلۇپ ئالدىن سىناق قىلىنىدىغان ئىسلاھات سىناق رايونلۇق رولىنى تەدرىجىي جارى قىلدۇرماقتا.

شىنجاڭدىن ئىبارەت 25 مىليون خەلقنىڭ ئىلگىرىلەش روھى مۇجەسسەملەنگەن ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ گۆھەر تۇپرىقى بۈگۈن يەنە بىر قېتىم قايناق - تاشقىنلىق سەپەرگە ئاتلىنىپ، يېڭى دەۋردە گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتمەكتە!

□ **باش پىلانلىغۇچىلار:** شۈ شىنجياڭ، چېڭ لىشىن

□ **ئىجرائىيە پىلانلىغۇچىلار:** دولقۇن مەمەت، جياڭ رىخۇي، نامۇسۇرۇڭ، جاپپاربېك ئابلايىن، دۇ زۇڭياڭ، شى فېڭ

□ **مەسئۇل مۇھەررىرلەر:** لياڭ ۋېي، جىن چۈەن، جاۋ ۋېيىن، بەي جيۇ

□ **تەھرىرلەر:** جۇڭ شيۇلىڭ، ۋاڭ جىڭ، ياڭ جيې، لى خەن

□ **بەت لايىھەلىگۈچىلەر/سۈرەت ياسىغۇچىلار:** لياڭ ۋېي، جاڭ يۇڭ، دوۋ يۈ

□ **ئالاھىدە ساننىڭ سۈرەتلىرىنى شىنجاڭ فوتو سۈرەت جەمگاھى تەمىنلىگەن**

